دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# جۇڭگونىڭ دىن سىياستى دۇنيادا ئەڭ ياخشى

□ خېجىك ناھىيەسىنىڭ خارمۇدۇن بازىرىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى تۇرغۇن ھوشۇر

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بوھتان چاپلاپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا ھەدەپ قارا چاپلىدى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم، بۇنىڭغا كۈچلۈك قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، زوراۋان - تېرروررچى ئۇنسۇرلار مىللەت، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭدا ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ بىخەتەر بولدى، ھەر مىللەت ئامما بەختلىك، خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئەكسىچە ئۇ يەردە ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پاكىت ئويدۇرۇپ، خىيالىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋاتىدۇ. شۇنى دېمەكچىمەن: سىلەر بۇنداق ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈسەڭلار، ۋىجدانىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىمامسىلەر؟ سىلەر ھەرقانچە كەلسە - كەلمەس بىلجىرلىساڭلارمۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بىزنىڭ جۇڭگونىڭ دىن سىياستى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دىن سىياسىتى. شىنجاڭدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، بۇ چوڭ ئائىلىدە، بىز ناھايىتى ئىللىقلىق، ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمىز.

مەن ياشاۋاتقان خارمۇدۇن بازىرى خېجىك ناھىيەسىنىڭ دېھقانچىلىق رايونىدىكى بىر يېزا - بازار، ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان. مەن ھەر كۈنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بىللە مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيمەن، ھەر جۈمە كۈنى جۈمە كۈنلۈك پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ. روزا ئېيى مەزگىلدە، مەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بىللە روزا تۇتۇپ، ئىپتار قىلىپ، ھەر كۈنى ناماز پائالىيىتى ئۆتكۈزىمەن. روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتا، بىزنىڭ مەسچىتىمىز كەڭ كۆلەملىك يىغىلىپ ناماز ئوقۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەسچىت «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، سۇ، توك، يول، گاز قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھاۋا تەڭشىگۈچ، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى ئورناتتى، دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە مۇھىتى ياخشىلىنىپ، بىزنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىمىزغا ئىنتايىن زور قولايلىق يارىتىلدى. شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما باشقا ئاممىغا ئوخشاش، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش قاتارلىق تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتنىشىدۇ، تۆۋەن كاپالەت شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىمۇ يەنە تۆۋەن كاپالەت سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مەن نۇرغۇن دىنىي زاتلار بىلەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان، مېنىڭ كۆرگىنىم بىلەن ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ دېگىنى پۈتۈنلەي ئىككى ئىش، تەربىيەلەنگۈچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ، كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىدۇ. كەنتىمىزدىمۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىن تەربىيەنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن تەربىيەلەنگۈچىلەر بار، ئۇلار دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئىلگىرىكىدىن ياخشى سۆزلەيلا قالماي، يەنە باغچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زاۋۇتتىن ئىش تاپتى، بەزىلىرى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى، يەنە بەزىلىرى ئاشخانا ئاچتى، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭ ناھايىتى گۈزەل، شۇنداقلا ناھايىتى ئىناق. بىزنىڭ خېجىڭدىكى باينبۇلاق بىر گۈزەل جاي، گۈزەل خېجىك ھەممە جايدىكى دوستلارنىڭ مېھمان بولۇپ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، شۇنداقلا چەت ئەللىك دوستلارنىڭمۇ يۇرتۇم خارمۇدۇن بازىرىغا مېھمان بولۇپ كېلىشىنى قارشى ئالىمەن، ھەقىقىي شىنجاڭنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، پىتنە - ئىغۋالار ئۆزلۈكىدىن تارمار بولىدۇ.

# تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ ياخشى كاپالىتى

□ ئاتۇش شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ مۇئاۋىن خاتىپى سالام ئەيسا

يېقىندا، خەۋەر ئارقىلىق ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن غەزەپلەندىم! بىزنىڭ شىنجاڭ ھازىر شۇنچە ياخشى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە خاتىرجەم - ئىناق، لېكىن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئەكسىچە ئۇ يەردە قالايمىقان بىلجىرلاپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرىمەن.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» ئىنتايىن غالجىرلىشىپ، نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر يۈرۈش تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ياش ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، ياردىمىدە ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئىگىلىك تىكلىدى، يېزىلاردا بارغانسېرى كۆپ ئائىلىنىڭ مۇقىم ئىقتىسادىي مەنبەسى بار بولدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە يەنە ئامانەت پۇلى بار بولدى، بارغانسېرى كۆپ كىشى ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. يۇرتداشلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدۇ، تۇرالغۇ ئۆيى كاپالەتكە ئىگە، كېسەل كۆرسەتسە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بار، باللار مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇيدۇ، تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەن كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، قوشنام ماڭا باللىرىنىڭ بۇ يىل يەسلىگە كىرگەنلىكىنى، ئوقۇش ھەققىنىڭ پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى، ھەر كۈنى يەنە ئوزۇقلۇق قىممىتى مول تاماقلارنىڭ بارلىقىنى، باللارنىڭ ياخشى يېيەلەيدىغانلىقىنى، ياخشى ئۆگىنەلەيدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ خاتىرجەم بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى پۇل تېپىشقا سەرپ قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تولۇپ تاشقانلىقىنى ئېيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە، ئىلگىرىكى كېسەك ئۆيلەر ئەمەن ئۆيگە ئۆزگەردى، پاتقاق يوللار ئاسفالت يوللارغا ئايلاندى، دېھقانلار كۆل سۈيى ئىچىشتىن قۇتۇلۇپ، تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى، سەپەرگە چىققاندا ئولتۇرىدىغان ئېشەك ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى توكسىكلىت، پىكاپلار ئالدى. ھازىر شىنجاڭ بىخەتەر، مۇقىم بولدى، كىشىلەرنىڭ ھەمىيىنى تومپايدى، ئىقتىسادمۇ تېخىمۇ گۈللەندى، ئىچكىرى رايونلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سالىدىغانلار، ساياھەت قىلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە بەرگەن، «ئۈچ خىل كۈچ» بەرگەن ئەمەس، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» بىزگە بەرگەن ئەمەس! ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»ى بىر دەستەكتۇر، ئۇنىڭغا ۋىجدانى بار، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ئالدانمايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىمۇ ماڭا ئوخشاش پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى ھەر ۋاقىت كۈرەش قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايدۇ، ئاسان قولغا كەلمىگەن مۇقىم، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ۋە ئۈمىدكە تولغان گۈزەل تۇرمۇشنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ئاخىرىدا مەن شۇنداق دېمەكچىمەنكى: شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا سىرتتىكىلەرنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شۇنداقلا ئەمەلگە ئېشىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق نىشان مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى

# مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش خاتىرجەم بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

### ئالدىن مۆلچەرلىگەن نىشان نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى

بۇ يىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتى قانداق بولدى؟ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن كەلگەن بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات بۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا قاراش — 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا 478 مىڭ 900 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %1.25 ئېشىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %106.43ى ئورۇندالغان؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلاردىن 48 مىڭ 300 ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %120.75ى ئورۇندالغان.

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاراش — يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 860 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %2.51 ئېشىپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %105.93ى ئورۇندالغان.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قاراش — ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مۇشۇ قاراردا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %87.64 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %1.75 ئېشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇقىملىق ئاساسىدا ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ما جيەنيۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز دىققەتنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىش - يۆلەشتە پۇختا، ئەمەلىي ئىشلىگەن: بىر تەرەپتىن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ يول، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارغا «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش - يۆلەش ۋە «ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈش» خىزمەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىش»تا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت، ئىش ئورنى ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئادەمگىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

«ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ئېلىپ كەلگەن پايدا سېجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە پۇختا ئاساس سېلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمى سېجىل كېڭىيىپ، ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرىدە يىللىق نىشان - ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە تېخىمۇ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى» دېدى ما جيەنيۇن.

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيدى

«گۇرۇھىمىزدا ھازىر 108 مىڭ خىزمەتچى بار، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشىدىنلا يىلدا ئادەم كۈچى چىقىمىدىن 85 مىليون 180 مىڭ يۈەن تېجىگىلى بولىدۇ» دېدى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ گۇاڭخۇي گۇرۇھىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى مۇئاۋىن باش نازارەتچىسى سۇن لىڭيۈن مۇخبىرغا.

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ تۆۋەنلىتىلگەنلىكى شۇلارنىڭ بىرى. بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ 4 مىليارد 885 مىليون يۈەن يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كارخانىلارنىڭ خىزمەتچى خادىملار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشى، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈشى قاتارلىقلاردا ھەقىقىي رول ئوينىدى.

«تېجەپ قېلىنغان 85 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئەگەر ئادەتتىكى خادىم تەكلىپ قىلىشقا ئىشلىتىلسە، ھەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق مائاشىنى 65 مىڭ يۈەن بويىچە مۆلچەرلەپ ھېسابلىغاندا، 1300دىن ئارتۇق ئادەمنى كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى سۇن لىڭيۈن.

2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىلى» پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش سىياسەتلىرى ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، سىياسەت تىزىملىكى، مۇلازىمەت تىزىملىكى ۋە بېجىرگۈچى ئاپپاراتلارنىڭ تىزىملىكىنى شەكىللەندۈرۈپ جەمئىيەتكە ئاشكارىلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر - بىرلەپ ياخشى تۇتتى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىما مەبلىغىدىن 2 مىليارد 234 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 613 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئارقىلىق كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش بويىچە «قوغداش ھەرىكىتى»نى يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ ھەق تاپشۇرغان، خادىم قىسقارتمىغان، خادىمنى ئاز قىسقارتقان بارلىق كارخانىلارغا قارىتا، كارخانىلار ئەمەلىي تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %50ى بويىچە (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست %60كىچە ئۆستۈردى) ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى تارقىتىپ، كارخانىلارنىڭ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 512 مىليون يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى تارقىتىلىپ، 13 مىڭ 500 كارخانىدىكى 1 مىليون 496 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزۈلدى.

### بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ

«زاۋۇت كەنتىمىزدىلا قۇرۇلدى، مەن ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتىم، ئايدا 2000 يۈەنگە يېقىن پۇل تاپالايمەن، ئالدىنقى ئايدا تېخى گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم. ياخشى ئىشلىسەملا، بۇنىڭدىن كېيىن مائاشىم يەنە ئۆسىدۇ» دېدى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ ۋېيمىڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ خادىمى دىلنۇر ئىمىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

شىنجاڭ ۋېيمىڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بۇ يىل 2 - ئايدا يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارەك بازىرى سايلەڭگەر كەنتىگە ماكانلاشقان. دىلنۇر ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلە، شۇنداقلا بۇ شىركەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خادىمى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى، ئائىلىسىنىڭ كۈنلىرى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى.

«شىركىتىمىز سايلەڭگەر كەنتى ۋە ئەتراپتىكى كەنتلەردىن جەمئىي 500دىن ئارتۇق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.» شىنجاڭ ۋېيمىڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لىيۇ خەي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: شىركەتنىڭ نۆۋەتتە زاكازلىرى تولۇق، يەنە خادىم تەكلىپ قىلىش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرىمىز. چارەك بازىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەنتلەردە قۇرۇلغان ئەمگەك كۈچى جۈملەشكەن زاۋۇتتىن تۆتى بار بولۇپ، 1500دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنىڭ يۆلىشى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچى ئۆز يېرىدە، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، رايون ھالقىپ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل يول ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 75 مىڭ 933 ئەمگەك كۈچى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %189.8ى ئورۇندالغان.

«بىز ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ماھارەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەمىناتنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى سېجىل ياخشى ئىشلەپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا ئاساسىي قا، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا ئۈمىدكە ئىگە قىلىپ، تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى دېھقان ئىشلەمچىلەر خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لى خۇڭۋۇ.